# جىنسىي ۋە كشلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىن زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن كۆچمەنلىك ۋە ۋىزا ئۇچۇرى

خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئالىملار ۋىزا ۋە كۆچمەنلىك ئىشلىرىدا مەسىلىگە يولۇققاندا، مەخسۇس كۆچمەنلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادۋوكاتلاردىن مەسلىھەت ئېلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مەزكۇر ھۆججەت قانۇننىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىزاھلايدىغان ماتېرىيال، قانۇني مەسلىھەتنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر.

**مەن زورلاۋانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى، مېنىڭ كۆچمەنلىك سالاھىيىتىم مېنىڭ مەكتەپنىڭ تۈرلۈك مەنبەلىرىنى ئىشلىتىشىمگە تەسىر قىلامدۇ؟**

ياق.مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا كۆرە، جىنسىي ۋە كشلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىن زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ياكى ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالغان ئوقۇغۇچى ۋە خادىملار كۆچمەنلىك ياكى ۋىزا سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «1972-يىللىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مائارىپ نىزامنامىسى(9-ماددا)» ۋە «ئاياللارغا زورلاۋانلىق قىلىش قىلمىشى قانۇنى»(VAWA) لىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولالايدۇ.

مەكتەپنىڭ داۋالاش ۋە مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەتلىرى، شۇنداقلا بوش تۇرالغۇلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تۆۋەندىكى جايدىن تاپقىلى بولىدۇ:

https://1is2many.okstate.edu/

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت جەريانى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تۆۋەندىكى جايدىن تاپقىلى بولىدۇ:

https://studentconduct.okstate.edu/code

مەكتەپ جىنايەتنى مەلۇم قىلغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن سىزگە باشقىچە مۇئامىلە ياكى قەستەن ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ.

**مەن ھۆججەتسىز ياكى ھۆججەتلىك كۆچمەن سالاھىيىتىدە جىنايەت ھەققىدە شىكايەت قىلالامدىم؟**

شۇنداق. جىنسى پاراكەندىلىك، ئائىلە زورلاۋانلىقى، ئۇچرىشىش زورلاۋانلىقى ھەمدە چاپلىشىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ جىنايەتكە چۈشىدىغان-چۈشمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىزاھلىرىنى رايونىڭىزنىڭ «يىللىق بىخەتەرلىك دوكلاتى»دىن كۆرۈۋالالايسىز.

https://police.okstate.edu/annual-security-reports

ئىلتىماس ھەققى ھەققىدىكى تەپسىلىي سوئاللارنى بۇ ئادرېسقا ئەۋەتىڭ:

Oklahoma State University Police Department, OSUPD
104 USDA Building, Stillwater, Oklahoma 74078
405-564-6523
https://police.okstate.edu/
1is2many@okstate.edu

**زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن ئالاھىدە بېرىلىدىغان ۋىزا ياكى كۆچمەنلىك سالاھىيىتى بارمۇ؟**

شۇنداق.جىنسى پاراكەندىلىك، ئائىلە زورلاۋانلىقى، ئۇچرىشىش زورلاۋانلىقى ھەمدە چاپلىشىۋېلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى ئۈچۈن باشقا ۋىزا تاللاشلىرى مەۋجۇد بولۇپ، U ۋىزا ۋە T ۋىزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتىدىن مەسلىھەت ئالسىڭىز بولىدۇ.

| ۋىزا T | ۋىزا U |
| --- | --- |
| مەزكۇر ۋىزا ئادەم ئەتكەسچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى ئۈچۈندۇر.<br>- چۇقۇم ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ياكى ئەتكەسچىلىك قىلمىشىنى شىكايەت قىلىشىغا دائىر تەلەپلىرىگە ھەمكارلىشىشى كېرەك<br>( جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى زەربە تۈپەيلى ھەمكارلىشىشقا ئامالسىز قالغان ئەھۋالدىن سىرىت)<br>شۇنداقلا ئىلتىماس قىلغۇچى \ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلسە دۇچ كېلىدىغان زور ئەھۋاللارنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى كېرەك.<br>- نورمالدا 4 يىللىق مۆھلەتتى بولىدۇ.<br>- تەپسىلاتى ئۈچۈن كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتىنى ئىزدەڭ ياكى تۆۋەندىكى مەزمۇندىن پايدىلىنىڭ:<br>http://www.uscis.gov/humanitarian/victims-human-trafficking-other-crimes/victims-human-trafficking-t-nonimmigrant-status | مەلۇم جىنايى قىلمىشلار، مەسىلەن جىنسى پاراكەندىلىك، ئائىلە زورلاۋانلىقى، باسقۇنچىلىق، ئۇچرىشىش زورلاۋانلىقى ھەمدە چاپلىشىۋېلىش قاتارلىق جىنايەتلەر تۈپەيلى روھىي ۋە بەدەن جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئۈچۈندۇر.<br>- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى \ ئىلتىماس قىلغۇچى چوقۇم ئالاقىدار ئۆلچەمگە چۈشكەن جىنايەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى بولىشى شۇنداقلا مەزكۇر جىنايەتنى رازۋېدكا قىلىش ياكى پاش قىلىشىغا ياردەمچى بولالىشى ياكى ھەمكارلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك<br>- نورمالدا 4 يىللىق مۆھلەتتى بولىدۇ<br>- تەپسىلاتى ئۈچۈن كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتىدىن مەسلىھەت ئالسىڭىز بولىدۇ، شۇنداقلا تۆۋەندىكى مەزمۇندىن پايدىلىنىڭ:<br>http://www.uscis.gov/humanitarian/victims-human-trafficking-other-crimes/victims-criminal-activity-u-nonimmigrant-status/victims-criminal-activity-u-nonimmigrant-status |

مەكتەپ ئىچىدە ماڭا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتلارنى بېرەلەيدىغان ئىشخانا بارمۇ؟

, International Students & Scholars
250 Student Union, Stillwater, OK 74078
405-744-5459
https://lcl.okstate.edu/iss/
su-iss@okstate.edu

خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئالىملار مۇلازىمەت ئىشخانىسىمۇ كۆچمەنلىك ئىشلىرىغا دائىر پايدىلىق ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدۇ. شۇنى سەمىڭىزگە سالىمىزكى، باشقا ۋىزا تۈرلىرىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى سوئاللار، F-1 ۋە J-1سالاھىيىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋىزىسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنى مەسىلىلەر،خوجايىن ياردىمىدىكى خىزمەت ۋىزىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈچۈن لايەقەتلىك كۆچمەن ئىشلىرى ئادۋوكاتىنى ئىزدەڭ.

| ۋىزا تاللاشلىرى |
| --- |

| F-1 ۋە J-1 سالاھىيىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار: | خادىملىرى H-1B، O-1، E-3 ياكى TN |
|---|---|
| • كىنىشكىلىق دوختۇر، سۆڭەك كېسەللىرى دوختۇرى ياكى كىنىشكىلىق پىسخولوگ چىقىرىپ بەرگەن ئىسپاتلارغا ئاساسەن دەرس مىقدارىنى كېمەيتىش تاللىشى؛<br>• ئاكادېمىك پروگراممىلاردىن چېكىنىشنى تاللىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى؛<br>• ئوقۇغۇچى چېكىنىشنى تاللاپ بولۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاكادېمىك پروگراممىسىغا قايتىپ كېلىشىگە ئائىت ئۇچۇرلار؛<br>• جۆرىسىگە ھەمراھ بولۇش تاللىشى ۋە ئاقىۋىتى؛<br>• ۋىزا سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت تاللاشلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار؛<br>• U ۋە T ۋىزىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار(لاياقەتلىك بىر كۆچمەن ئىشلىرى ئادۋوكاتىغا ھاۋالە قىلىش)؛<br>• لاياقەتلىك بىر ئادۋوكاتىغا ھاۋالە قىلىش؛ | • دەم ئېلىپ خىزمەتكە كەلمەسلىك تاللىشى ۋە كۆچمەنلىك سالاھىيىتىگە ئائىت ئاقىۋەتلەر؛<br>• جۆرىسىگە ھەمراھ بولۇش تاللىشى ۋە ئاقىۋىتى؛<br>ۋىزا سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت تاللاشلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار. لاياقەتلىك بىر كۆچمەن ئىشلىرى ئادۋوكاتىغا ھاۋالە • قىلىش؛ ۋىزىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار(لاياقەتلىك بىر كۆچمەن ئىشلىرى ئادۋوكاتىغا<br>• T ۋە U ھاۋالە قىلىش)؛<br>• لاياقەتلىك بىر كۆچمەن ئىشلىرى ئادۋوكاتىغا ھاۋالە قىلىش؛<br>• ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى مەڭگۈلۈك ئولتۇرۇش ھوقۇقىنى جەزىملەش(يېشىل كارتىسى تەستىقلانمىغان)؛ «خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز تېخى تەستىقلانمىغان «خوجايىن ياردىمىدىكى مەڭگۈلۈك ئولتۇرۇش ھوقۇقى ئىلتىماسىڭىزغا• بولغان تەسىرى؛<br>•لاياقەتلىك بىر ئادۋوكاتىغا ھاۋالە قىلىش |

**كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى كىم؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟**

كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى مەخسۇس كۆچمەنلىك قانۇنى ساھەسىدىكى كەسپىي كىنىشكىلىق ئادۋوكاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى خېرىدارلىرىنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسىدۇر. ئۇلار كۆچمەنلىك ئىدارىسىدا ۋە ياكى كۆچمەنلىك سوتىدا ۋە ياكى كۆچمەن پاراۋانلىق ئىشلىرىدا، خېرىدارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسلىھەتلەرنى بېرەلەيدۇ شۇنداقلا كۆچمەنلىك ئىشلىرىغا دائىر ئىشلارنى مەسلىھەتلىشەلەيدۇ. باشقا بارلىق ئادۋوكاتلارغا ئوخشاش، كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى كەسىپ ئەخلاقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ شۇنداقلا خېرىدارىنىڭ پاراڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدۇ.

**مەن قەيەردىن شۇ يەرلىك كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتىنى تاپالايمەن؟**

ئامېرىكا پۇقرالىق ۋە كۆچمەنلىك مۇلازىمىتى ئىدارىسى(USCIS)، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى(DHS) ئىككى تور بېكەتنى تەمىنلىگەن بولۇپ، شەخسلەر بۇ بېكەتلەردىن ھەقسىز ياكى تۆۋەن تەننەرخ بىلەن قانۇنىي ۋەكىللىرىنى ئىزدىيەلەيدۇ:

USCIS: يەرلىك مەھەللە - توپلۇملاردىن ياردەم ئىزدەش تور بېكىتى

USCIS: قانۇن مۇلازىمىتى ئىزدەش تور بېكىتى

كۆچمەنلەر ئەرىز سۇنۇش كومىتېتى(BIA) دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھەقسىز ياكى ئەرزان باھادا كۆچمەنلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادۋوكاتلارنىڭ تىزىملىكىنى تەمىنلەيدۇ.

ئامېرىكا كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى ئۇيۇشمىسى ( AILA )توردا كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى ھاۋالە قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچى ياكى ئالىملارنىڭ كۆچمەنلىك ئىشلىرى ئادۋوكاتى

ئامېرىكا سوت ئۇيۇشمىسىمۇ دۆلەتلىك قانۇن مۇلازىمىتىگە دائىر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ .